السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىر ئايال تاش بىلەن بىر قوينى بوغۇزلىدى، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغاندا، ئۇنى يېيىشكە بۇيرىدى

كەئب ئىبنى مالىك (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن: بىر ئايالنىڭ تاش بىلەن بىر قوينى بوغۇزلىغانلىقى، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغاندا، ئۇنى يېيىشكە بۇيرىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىر ئايالنىڭ تاش بىلەن بىر قوينى بوغۇزلىغانلىقى، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئايال ئوھۇد تېغىنىڭ يېنىدا قوي باقاتتى، تۇيۇقسىز بىر بۆرە قويغا ھۇجۇم قىلدى، ئايال بۆرىنى قوغلىۋېتىپ، قىرلىق تاشتىن بىرنى ئېلىپ، قوينى بوغۇزلىدى، كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىشىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېيىشكە بۇيرىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/64655

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee